خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

خەلق ئۇچۇن خزمەت قلايلى
بېتيۇنني خاترلەيمز
يۇيگۇڭنڭ تاغنى يوتكشى
پارتيە ئچدكى خاتا ئدييەلەرنى
تۈزتش توغرسدا
زيۇجۇيغا قارشى تۇرايلى

ماۋزېدۇڭ

پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلرى، برلشڭلار!

大海航行靠舵手
干革命靠毛泽东思想

林彪 一九六七
十一月
廿九日

读毛主席的书听毛
主席的话照毛主席
的指示办事做毛主席
的好战士

林彪

دېڭىزدا يۈرۈشتە رولچىغا

تايىنىمىز، ئىنقىلاپ قىلىشتا

ماۋ زېدۇڭ سىشياڭىغا تايىنىمىز.

لىن بياۋ 1967 - يىل

11 - ئاينىڭ

29 - كۈنى

ماۋجۇشىنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇپ، ماۋجۇشىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇغى بويىچە ئىش قىلىپ، ماۋجۇشىنىڭ ياخشى جەڭچىسى بولايلى!

لىن بياۋ

«ئۈچ ئەسەر»نى جەڭچىلەرلا ئۆگىنىش بىلەن قالماستىن، كادىرلارمۇ ئۆگىنىشى لازىم. «ئۈچ ئەسەر»نى ئوقۇماق ھەممى-دىن ئاسان، ئۇنى ھەقىقى تۇردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس. «ئۈچ ئەسەر»نى دەستۇر قىلىپ ئۆگىنىش لازىم. قايسى دەرى-جىلىكلەر بولسۇن، ھەممىسىلا ئۆگىنىشى لازىم. ئۆگەنگەندىن كېيىن ئىشلىتىپ، ئىدىيىدە ئىنقىلاۋىلىشىشنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم.

لىن بياۋ

مۇندەرىجە

خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلايلى 1

بېتيۇننى خاتىرلەيمىز... 13

يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يوتكىشى 28

پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيەلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا 52

نوقۇل ھەربى كوزقاراش توغرىسىدا 56

چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدا... 77

تەشكىلسىزلىك كوزقارىشى توغرىسىدا 88

مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق توغرىسىدا...... 96

جۇگۇەنجۇيى توغرىسىدا...104

شەخسىيەتچىلىك توغرىسىدا........112

لىيۇكوجۇيىلىق ئىدىيە

توغرىسىدا............126
قاراملىقنىڭ قالدۇقلىرى
توغرىسىدا............133
زىيۇجۇيىغا قارشى تۇرايلى
137...........................

خەلق ئۈچۈن خىز-مەت قىلايلى

(1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى)

بىزنىڭ گۇڭچەنداڭىمىز ۋە گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىگى-دىكى 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە — ئىنقىلاۋىي قوشۇن. بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز تامامەن

خەلقنى ئازاتلققا چقرشنى
كوزلەيدۇ، ئۇزۇل - كېسل
خەلق مەنپەئەتى ئۇچۇن
ئشلەيدۇ. يولداش جاڭ
سدې مۇشۇ قوشۇنمزدكى
بر يولداش ئدى.

كشى ئاخر ئولدۇ، لېكن
ئولۇمنڭ ئەھمىيتى ئوخشاش
بولمايدۇ. جۇڭگودا قەدىمكى
زاماندا ئوتكەن سما چيەن
دېگەن بر ئەدىپ مۇنداق

دېگەن ئدى: «كشى ئاخر
ئولدۇ، بەزلەرنڭ ئولۇمى
تەيشەن تېغدنمۇ قەدرلك
بولدۇ، بەزلەرنڭ ئولۇمى
هاڭگرت پېيدنمۇ قەدرسز
بولدۇ.» خەلق مەنپەئەتى
ئۇچۇن ئولۇش تەيشەن تېغد-
دنمۇ قەدرلك بولدۇ؛
فاشستلار ئۇچۇن غالچلق
قلپ ئولۇش، خەلقنى
ئېكسپلاتاتسيە قلدغان

ۋە ئېزىدىغانلار ئۈچۈن ئۆلۈش
ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز
بولىدۇ. يولداش جاڭ سىدې
خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن
ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى
تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك.

بىز — خەلق ئۈچۈن خىز-
مەت قىلغۇچىلارمىز، شۇڭا،
بىزدە ئەگەر كەمچىلىك
بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ
تەنقىت قىلىپ كۆرسىتىپ

بېرىشىدىن قورقمايمىز. قانداق
كىشى ئىكەنلىكىدىن قەتئىي
نەزەر، كىم كۆرسىتىپ بەرسە
بولىۋېرىدۇ. سىنىڭ ئېيتقىنىڭ
توغرا بولسىلا، بىز تۈزىتىمىز.
سەن ئېيتقان چارە خەلققە
پايدىلىق بولسىلا، بىز سىنىڭ
ئېيتقىنىڭچە ئىش كۆرىمىز.
«قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي
ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش»
دېگەن پىكىرنى پارتىيە سىر-

تىدىكى زاتلاردىن لى دىڭمىڭ
ئەپەندى ئۈتتۈرىغا قويىغان
ئىدى؛ ئۇ ياخشى قويدى، بۇ
خەلققە پايدىلىق ئىدى، بىز
بۇنى قوبۇل قىلدۇق. بىز
خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن
ياخشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇ-
رىدىغان، خەلق مەنپەئەتى
ئۈچۈن خاتانى تۈزىتىدىغانلا
بولساق، بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز
چوقۇم گۈللەپ ياشنايدۇ.

بىز ھەر يەر - ھەر يەردىن
كېلىپ، ئورتاق ئىنقىلاۋىي
نىشان ئۈچۈن توپلاندۇق.
بىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى
زور كۆپچىلىك خەلق بىلەن
بىللە مۇشۇ يولدا ماڭىمىز.
بىز بۈگۈنكى كۈندە 91 مىليون
ئاھالىگە ئىگە گېنجۇيدىلەرگە
رەھبەرلىك قىلىۋاتىمىز، لېكىن
بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس،
تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز كېرەك،

شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن
مىللەتنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا
كەلتۈرەلەيمىز. يولداشلىرىمىز
قىيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا
ئۇتۇقلارنى كۆرۈشى كېرەك،
يورۇقلۇقنى كۆرۈشى كېرەك،
غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.
جۇڭگو خەلقى ئازاپ
چېكىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى
قۇتقۇزۇۋېلىش مەسئۇلىيىتىمىز
بار، بىز تىرىشىپ كۈرەش

قىلىشىمىز كېرەك. كۈرەش
قىلىدىكەنمىز، قۇربان بېرىش-
لەر بولىدۇ، ئادەم ئۆلۈش
ئىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.
لېكىن بىز خەلق مەنپەئەتىنى
ئويلىغىنىمىزدا، زور كۆپ-
چىلىك خەلقنىڭ ئازاپ-
ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا،
خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك،
ئورۇنلۇق ئۆلگەن بولىمىز.
شۇنداقتىمۇ تېگىشلىك

بولمىغان قۇربان بېرىشلەرنى
ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئازاي-
تىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ
كادىرلىرىمىز ھەربىر
جەڭچىگە غەمخورلۇق قىلىشى
لازىم، ئىنقىلاپ قوشۇنىدىكى
بارلىق كىشىلەر بىر-بىرىگە
غەمخورلۇق قىلىشى،
بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى،
بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى
لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ
قوشۇنىمىزدا كىم ئۆلسە، مەيلى
ئۇ ئاشپەز بولسۇن، جەڭچى
بولسۇن، ئاز-تولا پايدىلىق
ئىش قىلغانلا بولسا، بىز ئۇنى
ئۇزىتىشىمىز، ماتەم مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. بۇ بىر
تۈزۈم بولۇپ قالسۇن. بۇ
ئۇسۇلنى لاۋبەيشىڭلارغىمۇ
تونۇشتۇرۇش كېرەك. يېزىلاردا
كىشى ئۆلسە، ماتەم مۇراسىمى

ئۇتكۇزۇلۇشى كېرەك. مۇشۇ يول بىلەن قايغۇمىزنى بىلدۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز

(1939-يىل 12-ئاينىڭ 21-كۈنى)

يولداش بېتيۇن كانادا گۇڭچەنداڭنىڭ ئەزاسى بولۇپ، يېشى 50 تىن ئاشقان، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كانادا

گۇڭچەنداڭى ۋە ئامېرىكا
گۇڭچەنداڭنىڭ تاپشۇرۇغى
بىلەن، ئارىلىقنى يىراق
كۆرمەي، جۇڭگوغا كەلگەن.
ئۇ بۇلتۇر ئەتىيازدا يەنئەنگە
كېلىپ، كېيىن ۋۇتەيشەنگە
خىزمەتكە بارغان ئىدى،
بەختكە قارشى، خىزمەت
يولىدا قۇربان بولدى. بىر
چەتئەللىك قىلچىمۇ ئۆز
مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، جۇڭگو

خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشىنى
ئۆز ئىشىم دەپ بىلدى، بۇ
قانداق روھ؟ بۇ — ئىنتېر-
ناتسىئونالىزىملىق روھ، بۇ —
كوممۇنىستىك روھ، جۇڭگو
گۇڭچەنداڭىنىڭ ھەربىر
ئەزاسى مۇشۇنداق روھنى
ئۆگىنىشى كېرەك. لېنىنىزىم:
كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ
پرولېتارىياتى مۇستەملىكە ۋە
يېرىم مۇستەملىكىلەر خەلق-

لىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنى
ھىمايە قىلىشى كېرەك، مۇس-
تەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكى-
لەرنىڭ پۇرولېتارىياتى كاپى-
تالىستىك ئەللەر پۇرولېتا-
رىياتىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنى
ھىمايە قىلىشى كېرەك، شۇن-
داق قىلغاندىلا، دۇنيا ئىنقى-
لاۋى غەلىبە قازىنىدۇ، دەپ
ھېساپلايدۇ. يولداش بىتيۇن
بۇ لىنىنىزىم لۇشيەنىگە ئەمەل

قىلدى. بىز جۇڭگو گۇڭچەن-
داڭى ئەزالىرىمۇ بۇ لۇشيەنىگە
ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.
بىز بارلىق كاپىتالىستىك
ئەللەرنىڭ پۇرولېتارىياتى
بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم،
ياپونىيىنىڭ، ئەنگلىيىنىڭ،
ئامېرىكىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ،
ئىتالىيىنىڭ ۋە باشقا بارلىق
كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ
پۇرولېتارىياتى بىلەن

بىرلىشىشىمىز لازىم، شۇنداق
قىلغاندىلا، جاھانگىرلىكنى
يوقىتىپ، مىللىتىمىزنى ۋە
خەلقىمىزنى ئازات قىلغىلى،
دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ۋە
خەلقلەرنى ئازات قىلغىلى
بولىدۇ. بۇ — بىزنىڭ ئىنـ-
تېرناتسىونالىزىمىمىز، بۇ —
بىزنىڭ تار مىللەتچىلىككە
ۋە تار ۋەتەنپەرۋەرلىككە
قارشى قويغان ئىنتېرناتسىو-

نالىزىمىمىز.

يولداش بېتيۇننىڭ قىلچە-
مۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي،
باشقىلارنىڭلا مەنپەئەتىنى
كۆزلەش روھى ئۇنىڭ
خىزمەتكە بولغان چەكسىز
مەسئۇلىيەتچانلىقىدا، يولداش-
لارغا ۋە خەلققە بولغان چەكسىز
قىزغىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ.
ھەربىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى
ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشى كېرەك.

بىر مۇنچە كىشىلەر خىزمەتتە
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ،
ئىشنىڭ يېنىكىنى تاللاپ،
ئېغىرىدىن قاچىدۇ، يۈكنىڭ
ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ،
يېنىكىنى ئۆزى كۆتىرىدۇ.
بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە،
ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئاندىن
باشقىلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.
ئازغىنا كۈچ چىقىرىپ قويسىلا،
قالتىس ئىش قىلدىم دەپ

بىلىپ، ماختىنىشنى ياخشى
كۆرىدۇ، باشقىلار بىلمەي
قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ.
يولداشلارغا ۋە خەلققە قىز-
غىن مۇئامىلە قىلماي، سوغاق
مۇئامىلە قىلىدۇ، كۆڭۈل
بۆلمەيدۇ، كۆيۈنمەيدۇ. بۇن-
داق ئادەملەر، ئەمەلىيەتتە،
گۇڭچەندەڭ ئەزاسى ئەمەس،
ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنى
ساپ گۇڭچەندەڭ ئەزاسى

دەپ ھېساپلىنغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىپ بېتيۇن ھەققىدە سۆزلىگەنلەردىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇمىغىنى، ئۇنىڭ روھىدىن تەسىرلەنمىگىنى يوق. سەنشى-چاخار-خېبېي چېگرا رايونىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقتىن دوختۇر بېتيۇننىڭ قولىدا داۋالانغان ياكى ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرگەنلەرنىڭ ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمىگىنى يوق. ھەربىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى يولداش بېتيۇننىڭ ھەققى كوممۇنىزىمچىلارغا خاس بۇنداق روھىنى جەزمەن ئۆگىنىشى كېرەك.

يولداش بېتيۇن دوختۇر ئىدى، ئۇ داۋالاش ئىشىنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممە-

مەلىلەشتۇرۇشكە تىرىشاتتى؟

8 ـ ئارمىيىنىڭ پۈتۈن تىببىي ئىشلار شتۇكى بويىچە ئۇنىڭ دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇ ــ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ، تېخنىكا خىزمىتىنى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئىستىقبالى يوق، دەپ كەمسىتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئوبدان

تەربىيە.

مەن يولداش بېتيۈن بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشكەن ئىدىم. كېيىن ئۇ ماڭا نۇرغۇن خەت يازدى. بىراق مەن ئالدىراش بولغانلىغىم ئۈچۈن ئاران بىرلا قېتىم خەت يازدىم، ئۇنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان ـ ئالمىغانلىغىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا مەن قاتتىق ئېچىنىمەن. ھازىر ھەممىمىز

ئۇنى خاتىرىلەۋاتىمىز، بۇنىڭ-
دىن ئۇنىڭ روھىنىڭ بىزدە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى
چىقىپ تۇرىدۇ. بىز ھەممىمىز
ئۇنىڭ شەخسىي مەنپەئەت
بىلەن قىلچە ھېسابلاشماسلىق
روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.
ئەنە شۇ روھنى ئىگىلىگەندە،
خەلققە زور پايدا يەتكۈزى-
دىغان ئادەم بولۇپ چىققىلى
بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ

قابىلىيىتى ئۈستۈن بولۇشىمۇ
مۇمكىن، تۆۋەن بولۇشىمۇ
مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئەنە شۇ
روھنى ئىگىلىسىلا، ئالىيجاناپ
ئادەم، ساپ ئادەم، ئەخلاق-
لىق ئادەم، پەس ئارزۇ-
ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم،
خەلققە پايدىلىق ئادەم
بولىدۇ.

يۇيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى

(1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى)

بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز ناھايىتى ئوبدان قۇرۇلتاي بولدى. بىز ئۈچ ئىش قىلدۇق: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى يەنى ئاممىنى دادىل

ھەركەتلەندۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازات قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت لۇشيەنىنى بەلگىلىدۇق. ئىككىنچى، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ماقۇللىدۇق. ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ رەھ-

بەرلىك ئورگىنىنى ــ جۇڭياڭ
ۋېيىۋەنخۇيىنى سايلاپ چىقتۇق.
بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپە
پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك
قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.
بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىز غالىبى-
يەت قۇرۇلتىيى، ئىتتىپاقلىق
قۇرۇلتىيى بولدى. ۋەكىللەر
ئۈچ دوكلاتقا قارىتا ناھايىتى
ئوبدان پىكىرلەرنى بەردى.

تۇرغۇن يولداشلار ئۆز-
ئۆزىنى تەنقىت قىلدى،
ئىتتىپاقلىق نىشانىنى نەزەردە
تۇتۇپ، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت
ئارقىلىق ئىتتىپاقلىققا ئېرىش-
تى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي
ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىسى،
ئۆز - ئۆزىنى تەنقىتنىڭ
نەمۇنىسى، شۇنىڭدەك پارتىيە
ئىچىدىكى دېموكراتىيىنىڭ
نەمۇنىسى بولدى.

ــ قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن
كېيىن، نۇرغۇن يولداشلار
ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇن-
لىرىغا قايتىدۇ، ھەرقايسى
جەڭ مەيدانلىرىغا بارىدۇ.
يولداشلار ھەرقايسى جايلارغا
بارغاندا، قۇرۇلتاي لۇشيەنىنى
تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۇنى
پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار
ئارقىلىق خەلققە كەڭ تۈردە
چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

ــ بىزنىڭ قۇرۇلتاي لۇ-
شيەنىنى تەشۋىق قىلىشىمىز
پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىدە، ئىنقىلاپ
چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، دىگەن
ئىشەنچنى تىكلەش ئۈچۈن.
ئالدى بىلەن شيەنفېڭدۈينى
ئۇيۇشتۇرۇپ، قەتئى نىيەتكە
كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن
قورقماي، ھەرخىل قىيىنچىلىق-
لارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا

كەلتۇرىدىغان قىلىش لازىم.
لېكىن بۇ تېخى كۇپايە قىلى-
مايدۇ. يەنە پۇتۇن مەملىكەت-
تىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى
ئويغىتىپ، بىز بىلەن بىللە
كۇرەش قىلىشنى چىن كوڭلى-
دىن خالاپ، غەلىبىنى قولغا
كەلتۇرىدىغان قىلىش لازىم.
پۇتۇن مەملىكەت خەلقىنى،
جۇڭگو ئەكسىيەتچىلەرنىڭ
جۇڭگوسى ئەمەس، جۇڭگو

خەلقىنىڭ جۇڭگوسى، دېگەن
ئىشەنچكە ئىگە قىلىش لازىم.
جۇڭگودا قەدىمكى زاماندىن
قالغان «يۇيگۇڭنىڭ تاغنى
يۆتكىشى» دېگەن بىر مەسەل
بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:
قەدىمكى زاماندا خۇابېيدا
شىمالىي تاغلىق يۇيگۇڭ دېگەن
بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن.
ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ جەنۇپ تەرى-
پىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ،

ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرد-
دىكەن، بىرى تەيخاڭشەن،
يەنە بىرى ۋاڭۋۇشەن دەپ
ئاتىلىدىكەن. يۇيگۇڭ ئوغۇل-
لىرىنى باشلاپ چىقىپ، بۇ
ئىككى چوڭ تاغنى جوتۇ بىلەن
چېپىپ ئېلىۋېتىشكە بەل باغ-
لاپتۇ. جژسۇ دىگەن يەنە بىر
بوۋاي بۇ ئەھۋالنى كورۇپ،
كۇلۇپ كېتىپ: سىلەرنىڭ
بۇنداق قىلىشىڭلار تولىمۇ

ئاخماقلىق بولۇپتۇ، سىلەر
ئاتا - بالا بىر نەچچە كىشىنىڭ
بۇنداق چوڭ ئىككى تاغنى
ئېلىۋېتىشىڭلار زادى مۇمكىن
ئەمەس، دەپتۇ. يۇيگۇڭ
ئۇنىڭغا: مەن ئولسەم، ئوغۇل-
لىرىم قالىدۇ، ئوغۇللىرىم
ئولسە، نەۋرىلىرىم قالىدۇ،
ئۇرۇق - ئەۋلادىم تۇگىمەيدۇ؛
بۇ ئىككى تاغ ناھايىتى
ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى

ئىگىزلىمەيدۇ، چاپقانسىرى
پەسلەيدۇ، ئۇنى نىمىشقا
تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىكەن؟
دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. يۈيگۇڭ
جىرسۇنىڭ خاتا پىكرىنى رەت
قىلغانىدىن كېيىن، ھېچبىر
ئىككىلەنمەستىن، ھەر كۈنى
تاغنى چېپىۋېرىپتۇ. بۇ ئىش
خۇدانى تەسىرلەندۈرۈپتۇ،
خۇدا يەر يۈزىگە ئىككى
پەرىشتە ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى

تاغنى ئالدۇرۇپ كېتىپتۇ.
ھازىر جۇڭگو خەلقىنىمۇ ئىككى
چوڭ تاغ بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ،
ئۇنىڭ بىرى جاھانگىرلىك،
يەنە بىرى فېئودالىزىم دەپ
ئاتىلىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەن-
داڭى بۇ ئىككى تاغنى
ئېلىۋېتىشكە ئاللىقاچان بەل
باغلىغان. بىز بۇنىڭدا چوقۇم
چىڭ تۇرىمىز، چوقۇم ئۆز-
لۈكسىز ئىشلەۋېرىمىز، بىزمۇ

خۇدانى تەسىرلەندۈرەلەيمىز. بۇ خۇدا باشقا بىرسى ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگودىكى خەلق ئاممىسى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسى بىردەك قوزغىلىپ، بىز بىلەن بىللە بۇ ئىككى تاغنى چاپسا، ئۇنى نېمىشقا تۈزلىۋەتكىلى بولمايدىكەن؟

تۈنۈگۈن ئىككى ئامېرىكىلىق ئامېرىكىغا قايتماقچى بولغان ئىكەن، مەن ئۇلارغا

ئېيتتىم، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا يول قويمايمىز. بىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جياڭ جيېشىنى يۆلەش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرىمىز. لېكىن بىز، بىرىنچىدىن، ئامېرىكا خەلقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتىنى بىر-بىرىدىن پەرق ئېتىمىز،

ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا
ھوكۇمىتىدىكى سىياسەت
بەلگىلەيدىغان كىشىلەر بىلەن
تۆۋەندىكى ئاددى خادىملارنى
بىر - بىرىدىن پەرق ئېتىمىز.
مەن بۇ ئىككى ئامېرىكىلىققا
مۇنداق دېدىم: ھوكۇمەتتىكىلەر-
دىكى سىياسەت بەلگىلەيدىغان
كىشىلەرگە ئېيتىپ قويۇڭلار،
بىزنىڭ ئازات رايونىمىز
سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭ-

لارنى مەنئى قىلىدۇ، چۈنكى
سىلەرنىڭ سىياسىتىڭلار جياڭ
جيېشىنى يۆلەش، گۇڭچەن-
داڭغا قارشى تۇرۇش، بىز
خاتىرجەم بولالمايمىز. مۇبادا
سىلەر ئازات رايونلارغا ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
قىلىش مەقسىدىدە كەلسەڭلار،
بۇ مۇمكىن، لېكىن شەرتنامە
تۈزۈش كېرەك. ئەگەر سىلەر
ھەممىلا يەردە ئوغرىلىقچە

قاتىراپ يۇرمەكچى بولىد-
كەنسىلەر، بۇنىڭغا يول
قويمايمىز. خىرلى جۇڭگو
گۇڭچەنداڭى بىلەن ھەمكار-
لاشمايدىغانلىغىنى ئوچۇقتىن-
ئوچۇق جاكالىدى، شۇنداق
بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن
يەنە ئازات رايونلىرىمىزغا
كىلىپ، قاتىراپ يۇرمەكچى
بولىسىلەر؟
ئامېرىكا ھوكۇمىتىنىڭ

جىياڭ جىيېشىنى يۆلەش،
گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش
سىياسىتى ئامېرىكا ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ غالجىرلاشقان-
لىغىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن
بارلىق جۇڭگو ۋە چەتئەل
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو
خەلقىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا
توسقۇنلۇق قىلىش قەستلىرى
چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.
دۇنيانىڭ ھازىرقى ئىقىمىدا

دېموكراتىيە ــ ئاساسىي ئېقىم،
دېموكراتىيىگە قارشى ئەكسىـ
يەتچىلىك بولسا پەقەت بىر
تەتۈر ئېقىم. ھازىرقى ۋاقىتتا
ئەكسىيەتچىل تەتۈر ئېقىم
مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلق
دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت
ئاساسىي ئېقىمنى بېسىپ
كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، لېكىن
ئەكسىيەتچىل تەتۈر ئېقىم
قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاساسىي

ئېقىمغا ئايلىنالمايدۇ. ستالىن
بۇرۇنلا ئېيتىپ ئۆتكەندەك،
كونا دۇنيادا ھېلىمۇ ئۈچ
چوڭ زىددىيەت بار: بىرىنـ
چىسى ــ جاھانگىر مەملىكەتـ
لەردىكى پرولېتارىيات بىلەن
بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت، ئىككىنچىسى ــ
جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىـ
سىدىكى زىددىيەت، ئۈچىنـ
چىسى ــ مۇستەملىكە ۋە يېرىم

مۇستەملىكە مەملىكەتلەر بىلەن جاھانگىر زۇڭجۇگولار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ ئۈچ تۈرلۈك زىددىيەت ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى راۋاجلىنىپ تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، تېخىمۇ كېڭەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزىمغا قارشى، دېموكراتىيىگە قارشى تەتۈر ئېقىم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن

يۇقۇرىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى سەۋەبىدىن، بۇنداق ئەكسىيەتچىل تەتۈر ئېقىم ئاخىر بىر كۈن يېڭىلىدۇ.

ھازىر جۇڭگودا ئىككى قۇرۇلتاي ئوتكۇزۇلۇۋاتىدۇ، بىرى — گومىنداڭنىڭ 6-قۇرۇلتىيى، يەنە بىرى — گۇڭچەنداڭنىڭ 7-قۇرۇلتىيى. ئىككى قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى

بىر - بىرىگە پەقەت ئوخشى-
مايدۇ: بىرى گۇڭچەنداڭنى
ۋە جۇڭگونىڭ دېموكراتىك
كۈچلىرىنى يوقىتىپ، جۇڭگونى
قاراڭغۇلۇققا باشلىماقچى؛
بىرى ياپون جاھانگىرلىگىنى
ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى
يالاقچىسى بولغان فېودال
كۈچلەرنى يوقىتىپ، يېڭى
دېموكراتىك جۇڭگو قۇرۇپ،
جۇڭگونى يورۇقلۇققا باشلى-

ماقچى. بۇ ئىككى لۇشيەن
ئۆزئارا كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.
بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى،
جۇڭگو خەلقى جۇڭگو گۇڭ-
چەنداڭىنىڭ رەھبەرلىگىدە،
جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 7 -
قۇرۇلتىيى لۇشيەنىنىڭ
رەھبەرلىگىدە تولۇق غەلبە
قازىنىدۇ، گومىنداڭنىڭ ئەك-
سىلئىنقىلاۋىي لۇشيەنى بولسا
مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا

(1929 - يىل 12 - ئاي)

قىزىل ئارمىيە 4 - جۈن-
دىكى گۇڭچەنداڭ تەشكىلا-
تىدا ھەرخىل غەيرى
پورولېتارىيات ئىدىيىلىرى

مەۋجۇت، بۇلار پارتىيىنىڭ
توغرا لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشقا
ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق
قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇلار
ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىلمىسە،
قىزىل ئارمىيە 4 - جۈنى
جۇڭگونىڭ ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي
كۆرىشى يۈكلىگەن ۋەزىپىلەر-
نىڭ جەزمەن ھۆددىسىدىن
چىقالمايدۇ. 4 - جۈن پارتىيە
تەشكىلاتىدىكى تۈرلۈك

ناتوغرا ئىدېيىلەرنىڭ مەنبەسى، تەبىي، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنىڭ ئەڭ زور قىسمىنى دېھقانلارنىڭ ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققانلارنىڭ تەشكىل قىلغانلىقى؛ لېكىن پارتىيىنىڭ رەھبەرىي ئورگان- لىرىدا بۇ ناتوغرا ئىدېيىلەرگە قارشى بىردەك قەتئىي كۈرەش قىلىنىشىنىڭ كەم بولغانلىقى،

پارتىيە ئەزالىرىغا توغرا لۇشيەن ھەققىدە تەربىيە بېرىشنىڭ كەم بولغانلىقىمۇ مۇشۇ ناتوغرا ئىدېيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ۋە ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ موھىم سەۋەبى. قۇرۇلتاي جۇڭگىياڭ- دىن 9- ئايدا كەلگەن خەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، 4- جۈن پارتىيە تەشكىلاتىدىكى ھەر خىل غەيرى پرولېتارىيات

ئىدىيىلىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى، مەنبەلىرىنى ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرىنى كورسىتىپ ئوتىدۇ، يولداشلارنى هەركەتكە كېلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىشقا چاقىرىدۇ.

نوقۇل هەربى كوزقاراش توغرىسىدا

نوقۇل هەربى كوزقاراش

قىزىل ئارمىيىدىكى بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق:

1. هەربى ئىشلار بىلەن سىياسىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى دەپ قاراپ، هەربى ئىشلار پەقەت سىياسى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشنىڭ قوراللىرىدىن بىرىلا ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلماسلىق.

ھەتتا «ھەربى ئىشلار ياخشى
بولسا، سىياسىنىڭ ياخشى
بولۇشى تەبسى، ھەربى
ئىشلار ياخشى بولمىسا،
سىياسىمۇ ياخشى بولمايدۇ»
دىگۈچىلەرمۇ بار، بۇ تىخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ھەربى
ئىشلار سىياسىغا يىتەكچىلىك
قىلىشى كىرەك، دەپ ھىساپ-
لىغانلىق بولىدۇ.

2. قىزىل ئارمىيىنىڭ

ۋەزىپىسىمۇ، ئاق ئارمىيىنىڭ-
كىگە ئوخشاش، پەقەت نوقۇل
ھالدا ئۇرۇش قىلىشتىنلا
ئىبارەت، دەپ ھىساپلاش.
جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ
ئىنقىلاپنىڭ سىياسى ۋەزىپى-
لىرىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر
قوراللىق گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى
بىلمەسلىك. بولۇپمۇ ھازىرقى
ۋاقىتتا قىزىل ئارمىيە ھەرگىز
نوقۇل ھالدا ئۇرۇش قىلى-

دىغان ئارمىيە ئەمەس، ئۇ ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى يوقىتىشتىن تاشقىرى، يەنە ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنى قوراللاندۇرۇش، ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا ھەتتا گۈكچەنداڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئوخشاش زور ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

قىزىل ئارمىيە نوقۇل ھالدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلمايدۇ، بەلكى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، قوراللاندۇرۇش

ۋە ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي
ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ياردەم
بېرىش قاتارلىق نىشانىدىن
چەتلىگەنلىك ئۇرۇش قىلىش-
نىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ
قويغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك
قىزىل ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيە-
تىنىمۇ يوقىتىپ قويغانلىق
بولىدۇ.

3. شۇ سەۋەپتىن،

تەشكىلىي جەھەتتە قىزىل
ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت
ئورگانلىرىنى ھەربىي خىزمەت
ئورگانلىرىغا قارايدىغان
قىلىش، «سىلىڭبۇ باشقا
ئىشلارنىمۇ باشقۇرسۇن»
شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.
ئەگەر بۇنداق ئىدىيە ئەۋج
ئېلىۋېرىدىغان بولسا، خۇددى
گومىنداڭ ئارمىيىسى ماڭغان
جۇنفاجۇيىلىق يولىغا ئوخ-

شاش، ئاممىدىن ئايرىلىش،
ھاكىمىيەتنى ئارمىيە ئارقىلىق
تىزگىنلەش، پۈرولېتارىيات
رەھبەرلىگىدىن ئايرىلىش
خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

4. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
تەشۋىقات خىزمىتى جەھەتتە
تەشۋىقات دۇينىڭ موھىملى-
غىغا ئېتىۋارسىز قاراش.
ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە
ئارمىيىدە ئەسكەرلەر ۋېيىۋەن-

خۇيى تەشكىل قىلىشقا ۋە
جايلاردا ئىشچى-دېھقانلار
ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا
ئېتىۋارسىز قاراش. نەتىجىدە
تەشۋىقات ۋە تەشكىلات
خىزمەتلىرى ئەمەلدىن قېلىش
ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

5. ئۇرۇشتا غەلىبە قازانسا
مەغرۇرلىنىش، ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولسا پاسسىپلىشىش.

6. تار مەھكىمىچىلىك،

ھەممىدە پەقەت 4 ـ جۇنىلا
كوزدە تۇتۇشنى بىلىپ، يەرلىك
ئاممىنى قوراللاندۇرۇش
قىزىل ئارمىيىنىڭ موھىم
ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىكەنلى-
گىنى بىلمەسلىك. بۇ ـــ بىر
تۇرلۇك چوڭايتىلغان كىچىك
گورۇھۋازلىق.

7. ئاز سانلىق يولداشلار
4 ـ جۇندىن ئىبارەت قىسمەن
موھىت بىلەنلا چەكلىنىپ

قىلىپ، بۇنىڭدىن باشقا
ئىنقىلاۋىي كۆچ يوق، دەپ
بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن،
ئۇلاردا ئەمەلىي كۆچنى
ساقلاش، كۆرەشتىن ئۆزىنى
چەتكە تارتىش ئىدىيىسى
ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ ـــ
جىخۇيجۇيىنىڭ قالدۇغى.

8. جۇگۇەن ۋە كېيگۇەن
شەرت-شارائىتلارغا قارىماي،
ئىنقىلاپتا ئالدىراڭغۇلۇق

قىلىش كېسىلىگە مۇپتىلا
بولۇپ، ئىنچىكە ۋە پۇختا
ئىشلىنىدىغان ئاممىۋى خىز-
مەتلەرنى جاپا - مۇشەققەتكە
چىداپ ئىشلەشنى خالىماس-
تىن، چوڭ تۇتۇش قىلىشنىلا
ئويلاش، خام خىياللارغا
بېرىلىپ كېتىش. بۇ — قارام-
لىقنىڭ قالدۇغى.

نوقۇل ھەربى كوزقاراش-
نىڭ مەنبەلىرى:

1. سىياسى سەۋىيىنىڭ
تۆۋەنلىگى. شۇ سەۋەپتىن
ئارمىيىدىكى سىياسى
رەھبەرلىكنىڭ رولىنى
چۈشەنمەسلىك، قىزىل
ئارمىيىنىڭ ئاق ئارمىيىدىن
تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىغىنى
چۈشەنمەسلىك.

2. يالىلانما قوشۇنلۇق
ئىدىيىسى. ھەر قېتىمقى
جەڭلەردە ئەسىر ئېلىنغان

ئەسكەرلەر ناھايىتى جىق
بولۇپ، بۇنداق ئۇنسۇرلار
قىزىل ئارمىيىگە كىرگەندە
كۇچلۇك ياللانما قوشۇنلۇق
ئىدىيىسىنى ئېلىپ كىرگەن-
لىكتىن، نوقۇل ھەربىي
كوزقاراش توۋەن قاتلام
ئاساسىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

3. يۇقۇرىدىكى ئىككى
سەۋەپ بولغانلىقتىن، ئۇچىن-
چى سەۋەپ كېلىپ چىقتى ئۇ

بولىسىمۇ ھەربىي كۇچكە
ھەددىدىن ئۇشۇق ئىشىنىپ
كېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ
كۇچىگە ئىشەنمەسلىك.

4. پارتىيىنىڭ ھەربىي
خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئەھ-
مىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە
ئۇنى ئاكتىپ موزاكىرە
قىلمىغانلىقىمۇ بىر قىسىم
يولداشلاردا نوقۇل ھەربىي
كوزقاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە

سەۋەپ بولدى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. تەربىيە ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدە سىياسى سەۋىيىنى ئۇستۇرۇپ، نوقۇل ھەربى كوزقاراشنىڭ نەزە- رىيىۋى يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاق ئارمىيىنىڭ تۈپ پەرقىنى ئېنىق چۈشىنىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىنخۇيجۇيى ۋە

قاراملىقنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ يوقىتىش، 4 - جۇندىكى تار مەھكىمىچىلىكنى تۈگىتىش.

2. جۇنگوەن ۋە ئەسكەر- لەرگە بىرىلىدىغان سىياسى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئەسىر ئېلىنغانلارغا بىرىلىدىغان تەربىيىنى كۈچەيتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگان-

لىرى كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىشچىلار، دېخانلارنى تاللاپ قىزىل ئارمىيىگە قاتناشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن نوقۇل ھەربى كوزقاراشنىڭ يىلتىزىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ئاجىزلىتىش ھەتتا يۇلۇپ تاشلاش.

3. يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قىزىل ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەنقىت

قىلىشقا ۋە ئاممىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قىزىل ئارمىينى تەنقىت قىلىشقا قوزغاپ، قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا، قىزىل ئارمىيىنىڭ جۇڭگۇەن ۋە ئەسكەرلىرىگە تەسىر كورستىش.

4. پارتىيە ھەربى خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ

مۇزاكىرە قىلىش. بارلىق
خىزمەتلەرنى پارتىيە مۇزاكىرە
قىلغان ۋە قارار قىلغاندىن
كېيىن، ئاندىن ئاممە ئارقىلىق
ئىجرا قىلىش.

5. قىزىل ئارمىيىنىڭ
قائىدە ـ نىزاملىرىنى تۈزۈپ
چىقىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ
ۋەزىپىلىرىنى، ھەربىي خىزمەت
شتۇكىنىڭ سىياسىي خىزمەت
شتۇكى بىلەن بولغان مۇنا-

سىۋىتىنى، قىزىل ئارمىيىنىڭ
خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى، ئەسكەرلەر
ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ھوقۇقلىرىنى
ۋە ئۇنىڭ ھەربىي، سىياسىي
ئورگانلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق
بەلگىلەش.

چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە-
يىلەشتۈرۈش توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۈنى

جۇڭگىياڭنىڭ يولىيورۇغىنى
قوبۇل قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدا چېكىدىن ئاشقان
دېموكراتىيىلەشتۈرۈش
ھادىسىلىرى خېلى ئازايدى.
مەسىلەن، پارتىيىنىڭ قارار-
لىرىنى بىرقەدەر ئىجرا
قىلغىلى بولىدىغان بولدى؛
قىزىل ئارمىيىدە «تۆۋەندىن
يۇقۇرىغا بولغان دېموكراتى-
يە - مەركەزلەشتۈرۈش

تۈزۈمى»، «ئاۋال تۆۋەنىنىڭ
مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، ئاندىن
يۇقۇرى قارار قىلىش» دېگەن-
لەرنى ئەمەلگە قويۇشنى تەلەپ
قىلىشقا ئوخشاش خاتا تەشەب-
بۇسلارنىمۇ ئەمدى ھېچكىم
ئوتتۇرىغا قويماي‌دىغان بول-
دى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا،
بۇلارنىڭ ئازايغانلىقى پەقەت
بىردەملىك ۋە يۈزەكى ھادىسە،
تېخى چېكىدىن ئاشقان

دېموكراتىيىلە شتۇرۇش
ئىدىيىسىنىڭ يوقىتىلغانلىغى
ئەمەس. بۇ، چېكىدىن ئاشقان
دېموكراتىيىلە شتۇرۇشنىڭ
يىلتىزى تېخى نۇرغۇنلىغان
يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە
چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، دېگەن
سوز. مەسىلەن، قارارلارنى
ئىجرا قىلىشتا خىلمۇ-خىل
سۇسلۇق قىلىش پوزىتسى-
يىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىگەنلىكى

بۇنىڭ دەلىلى.
تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:
1. چېكىدىن ئاشقان
دېموكراتىيىلە شتۇرۇشنىڭ
يىلتىزىنى نەزىرىيە جەھەتتىن
قومۇرۇپ تاشلاش كېرەك.
ئالدى بىلەن، چېكىدىن
ئاشقان دېموكراتىيىلە شتۇ-
رۇشنىڭ خەۋپى پارتىيە
تەشكىلاتلىرىغا زىيان يەتكۈ-
زۈپ، ھەتتا ئۇلارنى پۈتۈنلەي

بۇزۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگى-
ۋارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ،
ھەتتا پۈتۈنلەي يوقىتىپ،
پارتىيىنى كۆرەش مەسئۇلى-
يىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان
قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت
ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن
ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە
ئۇچراشتەك ئەھۋال كېلىپ
چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش لازىم. ئۇنىڭدىن

قالسا، چېكىدىن ئاشقان
دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ
مەنبەسى ئۇششاق بۇرژۇئاز-
يىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىدا
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش
لازىم. بۇنداق چېچىلاڭغۇلۇق
پارتىيە ئىچىگە ئېلىپ كىرىلسە،
سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەت-
تىكى چېكىدىن ئاشقان
دېموكراتىيىلەشتۈرۈش
ئىدىيىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق

ئندېيه پۇرولېتارىياتنىڭ
كۈرەش ۋەزىپىلرى بلەن
ئەسلا سغشالمايدۇ.

2. تەشكىلىي جەھەتتە،
مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچى-
لىگى ئاستىدىكى دېموكراتىك
تۇرمۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش
كېرەك. بۇنىڭ لۇشيەنى:

1) پارتىيىنىڭ رەھبىرىي
ئورگانلىرى توغرا يېتەكچى
لۇشيەنگە ئىگە بولۇش، ئىشتا

چارە- تەدبىرلىك بولۇش،
بۇنىڭ بىلەن رەھبەرلىك
مەركىزىنى تىكلىۋېلىش.

2) يۇقۇرى دەرىجىلىك
ئورگانلار تۆۋەن دەرىجىلىك
ئورگانلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە
ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى
ئۇقۇپ تۇرۇشنى توغرا يېتەك-
چىلىكنىڭ كېگۇەن ئاساسى
قىلىش.

3) پارتىيىنىڭ ھەر دەرى-

جلك ئورگانلرى مەسلەلەرنى ھەل قلشتا تولمۇ يېنكلك قلماسلق. قارار قوبۇل قلنغان ئكەن، قەتئى ئجرا قلش.

4) يۇقۇرى دەرجلك ئورگانلارنڭ قارارلردن موھمراقلكى بولغانلرنى توۋەن دەرجلك ئورگانلارغا ۋە پارتيە ئەزالرى ئاممسگە تېزدن يەتكۇزۇش.

بۇنڭ ئۇسۇلى — ئاكتپلار يغنى ئېچپ ياكى جژبۇ ھەتتا زۇڭدۇي بويچە پارتيە ئەزالرى يغنى ئېچپ (شارائتنڭ يار بېرشگە قاراش كېرەك)، ئادەم ئەۋەتپ دوكلات بېرش.

5) پارتيەنڭ توۋەن دەرجلك ئورگانلرى ۋە پارتيە ئەزالرى ئاممسى يۇقۇرى دەرجلك ئورگان-

لارنىڭ يولىيورۇغىنى تەپسىلى
مۇزاكىرە قىلىپ، يولىيورۇقنىڭ
ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىش
ھەم ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ
ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەش.

تەشكىلسىزلىك كۆزقارىشى توغرىسىدا

4 - جۇندىكى پارتىيە
تەشكىلاتى ئىچىدە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان تەشكىلسىزلىك

كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىپادىلىرى
تۆۋەندىكىچە:

ئا) ئازچىلىق كۆپچىلىككە
بويسۇنماسلىق. مەسىلەن،
ئازچىلىقنىڭ تەكلىۋى رەت
قىلىنسا، ئۇلار پارتىيىنىڭ
قارارلىرىنى سەممىيەتلىك
بىلەن ئىجرا قىلمايدۇ.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. يىغىن ئۆتكۈزگەندە،
يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى

تولۇق پىكىر بايان قىلىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش
كېرەك. تالاش - تارتىش
بولغان مەسىلىلەردە مۇرەس-
سەچىلىك قىلماي ۋە ئەپلەپ-
سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەي،
ھەق - ناھەقنى ئېنىقلاش
كېرەك. بىر قېتىمدا ھەل
قىلغىلى بولمىسا، ئىككىنچى
قېتىم يەنە مۇھاكىمە قىلىپ
(خىزمەتكە دەخلى يەتكۈز-

مەسلىك شەرتى بىلەن)،
ئېنىق خۇلاسىگە كېلىش
كېرەك.

2. پارتىيىنىڭ ئىنتىزام-
لىرىدىن بىرى — ئازچىلىق
كۆپچىلىككە بويسۇنۇش.
ئازچىلىق ئۆز پىكرى رەت
قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك
ماقۇللىغان قارارنى ھىمايە
قىلىشى شەرت. زۆرۈر تېپىل-
غاندا، ئۆز پىكرىنى كېيىنكى

يىغىنىدا يەنە مۇزاكىرىگە قويۇشقا بولىدۇ، لېكىن ھەركەتتە ھەرقانداق قارشىلىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

ب) تەشكىلسىز تەنقىد:

1. پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىد — پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچەيتىدىغان، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرىدىغان قورال. لېكىن قىزىل ئارمىيە-

دىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى تەنقىدلەرنىڭ بەزىلىرى بۇنداق ئەمەس، شەخسكە ھۇجۇم قىلىشقا ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە شەخسنىلا كاردىن چىقىرىش بىلەن قالماي، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىمۇ كاردىن چىقاردى. بۇ — ئۇششاق بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلى-گىنىڭ ئىپادىسى. تۈزىتىش

ئۇسۇلى شۇكى، پارتىيە ئەزالىرىغا تەنقىتنىڭ مەقسىتى پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش ئىكەن-لىكىنى، تەنقىتنى شەخسكە ھۇجۇم قىلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

2. بىرمۇنچە پارتىيە

ئەزالىرى تەنقىتنى پارتىيە ئىچىدە قىلماي، پارتىيە سىرتىدا قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلى (يىغىن ۋە باشقىلار) نىڭ مۇھىملىقىنى تېخىچە چۈشەنمەي، تەنقىتنىڭ تەشكىل ئىچىدە ياكى تەشكىل تېشىدا بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، دەپ بىلىدۇ.

تۈزىتىش ئۇسۇلى شۇكى،
پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە
بېرىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ
موھىملىقىنى، داگۇيپىغا ياكى
يولداشلارغا تەنقىدى بولسا،
پارتىيە يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا
قويۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش
كېرەك.

مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيىدىكى مۇتلەق

تەڭ تەقسىماتچىلىق بىر
مەزگىل ناھايىتى قاتتىق
ئەۋج ئالدى. مەسىلەن،
يارىدارلارغا بېرىلىدىغان
خىراجەتنى جاراھەتنىڭ
ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ
پەرقلىق بېرىشكە قارشى
تۇرۇپ، ھەممىسىگە باراۋەر
بېرىشنى تەلەپ قىلىش.
جۇنگۇەنلەرنىڭ ئات مىنىشنى
خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ

قارىماستىن، بەلكى تەڭسىز-
لىك تۈزۈمى دەپ قاراش.
نەرسە - كېرەك تەقسىم قىلىشتا
مۇتلەق تەڭ تەقسىم قىلىشنى
تەلەپ قىلىپ، ئايرىم ئەھۋال-
دىكىلەرگە كۆپرەك تەقسىم
قىلىشقا رازى بولماسلىق.
گۈرۈچ توشۇشتا چوڭ ئادەم
ياكى كىچىك بالا بولۇشىغا،
تېنىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز
بولۇشىغا قارىماستىن، تەڭ

كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش.
تۇرىدىغان ئۆيلەرنى ئوخشاش
تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ،
سىڭلىڭبۇ چوڭراق ئۆيگە
ئورۇنلاشسىمۇ تاللاش. ۋەزىپە
تاپشۇرۇلغاندا، ئوخشاش
بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ،
سەل - پەل ئوشۇقراق بولسا
ئۇنىماسلىق. ھەتتا بىر زەم-
بىلگە ئىككى يارىدار توغرا
كېلىپ قالسا، ھەر ئىككىلىسى

قېلىپ قېلىشقا رازىكى،
بىرسىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشىگە
رازى بولماسلىق. بۇلارنىڭ
ھەممىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ
جۇڭگوۋەن ۋە ئەسكەرلىرى
ئىچىدە مۇتلەق تەڭ تەقسىمات-
چىلىقنىڭ تېخى ناھايىتى
ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇتلەق تەڭ تەقسىمات-
چىلىق، سىياسى جەھەتتىكى
چېكىدىن ئاشقان دېموكراتى-

يىلىشتۇرۇشقا ئوخشاش،
قول سانائەت ۋە ئۇششاق
دېھقان ئىگىلىگىدىن كېلىپ
چىققان، بۇلارنىڭ بىرى
سىياسى تۇرمۇش جەھەتتە
كۆرۈلسە، يەنە بىرى ماددى
تۇرمۇش جەھەتتە كۆرۈلىدۇ،
خالاس.

تۈزىتىش ئۇسۇلى: مۇتلەق
تەڭ تەقسىماتچىلىق كاپىتا-
لىزىم تېخى يوقىتىلمىغان

دەۋردە دىخانلار ۋە باشقا
ئۇششاق مۇلۇكدارلارنىڭ بىر
خىل خام خىيالى بولۇپلا
قالماستىن، سوتسىيالىزىم
دەۋرىدىمۇ ماددى تەقسىمات
«قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش،
ئەمگىكىگە يارىشا ھەق
ئېلىش» دىگەن پىرىنسىپقا ۋە
خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ
بولىدىغانلىغىنى، مۇتلەق تەڭ
تەقسىمات دىگەنىنىڭ ھەرگىز

بولمايدىغانلىغىنى كۆرستىپ
بېرىش كېرەك. قىزىل
ئارمىيىدە كىشىلەرگە ماددى
نەرسىلەر تەقسىم قىلغاندا،
ئومۇمەن تەڭ تەقسىم قىلىش،
مەسىلەن، جۇنگۇەنلەر بىلەن
ئەسكەرلەرنىڭ مۇئاشىنى
باراۋەر قىلىش كېرەك، چۈنكى
بۇ ھازىرقى كۈرەش شارائىتى
ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. لېكىن
ھېچقانداق سىدۋەپنى سۇرۇش-

تۇرمەيدىغان مۇتلەق تەڭ
تەقسىماتچىلىققا قارشى
تۇرۇش لازىم، چۈنكى بۇ،
كۆرەش ئۈچۈن ئىھتىياجلىق
ئەمەس، دەل ئەكسىچە،
كۆرەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

جۇگۇەنجۇيى توغرىسىدا

جۇگۇەنجۇيى بەزى پارتىيە
ئەزالىرى ئارىسىدا ئىغىر
دەرىجىدە مەۋجۇت، بۇ

سىياسى ۋەزىيەتنى تەھلىل
قىلىشقىمۇ، خىزمەتكە يېتەك-
چىلىك قىلىشقىمۇ ئىنتايىن
پايدىسىز. چۈنكى سىياسى
ۋەزىيەت جۇگۇەنجۇيىلىق
بىلەن تەھلىل قىلىنسا ۋە
خىزمەتكە جۇگۇەنجۇيىلىق
بىلەن يېتەكچىلىك قىلىنسا،
ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى
يا جىخۇيجۇيى بولىدۇ، يا
قارامىلىق بولىدۇ. پارتىيە

ئىچىدىكى جۇگوۋەنجۇيىلىق
تەنقىت، دەلىل - ئىسپاتسىزلا
گەلسە - كەلمەس سۆزلەش
ياكى ئۆز ئارا گۇمانلىنىشلارغا
كەلسەك، بۇلار، كوپىنچە،
پارتىيە ئىچىدە پىرىنسىپسىز
ماجرالارنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى
بۇزىدۇ.

پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىت
مەسىلىسىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە

تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا بار،
ئۇ بولسىمۇ بەزى يولداشلار-
نىڭ تەنقىت قىلىشتا مەسىلى-
نىڭ چوڭ تەرىپىگە دىققەت
قىلماي، پەقەت ئۇششاق تەرى-
پىگىلا دىققەت قىلىدىغانلىقى.
ئۇلار تەنقىتنىڭ ئاساسىي
ۋەزىپىسى سىياسى جەھەتتىكى
خاتالىق ۋە تەشكىلىي
جەھەتتىكى خاتالىقلارنى
كورسىتىپ بېرىش ئىكەنلىگىنى

چۈشەنمەيدۇ. شەخسنىڭ
كەمچىلىكلىرىگە كەلسەك،
ئەگەر سىياسى ۋە تەشكىلىي
خاتالىقلار بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك بولمىسا، ھەدەپ ئوت-
تۇرىغا قويۇۋېرىپ، يولداش-
لارنى تەمتىرىتىپ قويۇشنىڭ
ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇنداق تەنقىت راۋاجلىنىپ
كېتىۋەرسە، پارتىيە ئىچىدىكى
دىققەت-ئېتىۋار پۈتۈنلەي

ئۇششاق كەمچىلىكلەر ئۈستىگە
توپلىنىپ قالىدۇ-دە، ھەممە
كىشى تولىمۇ ئېھتىياتچان
ئالىجاناپلارغا ئايلىنىپ
قېلىپ پارتىيىنىڭ سىياسى
ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ،
بۇ — ناھايىتى زور خەۋپ.

تۈزىتىش ئۇسۇلى: ئاسا-
سەن، پارتىيە ئەزالىرىغا
تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ
ئىدىيىسىنى، پارتىيە ئىچىدىكى

تۇرمۇشنى سىياسىلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىلاشتۇرۇش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن: 1) پارتىيە ئەزالىرىنى سىياسى ۋەزىيەت ۋە سىنىپىي كۈچ-لەرنى جۇگۇەنجۇيىلىق بىلەن تەھلىل قىلىش ۋە مولچەر-لەش ئورنىغا ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىدىغان ۋە مولچەر-لەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش

كېرەك. 2) پارتىيە ئەزالىرىنى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەكشۈ-رۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىدىغان، كۈرەش سىلۇبىسى ۋە خىزمەت ئۇسۇل-لىرىنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن بەلگىلەيدىغان قىلىش، يول-داشلارنى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈشتىن چەتلىسە، خام خىيال ۋە قارامىلىق ئورنىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلد-

ھەدىغان قىلىش كېرەك. 3) پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىتتە، جۇگۇەنلىكتىن، قارىسىغا ھۆكۈم قىلىشتىن ۋە تەنقىتنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، سۆزلىگەندە دەلىل-ئىسپاتى بولۇش، تەنقىت قىلغاندا سىياسىغا دىققەت قىلىش لازىم.

شەخسىيەتچىلىك توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيە پارتىيە

تەشكىلاتلىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشىنىڭ تۆۋەندىكىچە تۈرلۈك ئىپادىلىرى بار:

1. ئۆچ ئېلىش. پارتىيە ئىچىدە ئەسكەرىي يولداشلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىسا، پارتىيە تېشىدا پۇرسەت تېپىپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئالىدۇ، ئۇرۇش-تالاش ئەنە شۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. پارتىيە ئىچىدىمۇ ئۆچ ئېلىش-

نىڭ يولىنى ئىزلەيدۇ؛ سەن بۇ قېتىمقى مەجلىستە بىراۋ ئۇستىدە سۆزلىگەن بولساڭ، كېلەر قېتىمقى مەجلىستە ئۇ بىرەر پۇتاق چىقىرىپ، سېنىڭدىن ئۆچ ئالىدۇ. بۇنداق ئۆچ ئېلىش تامامەن شەخسىي نۇقتىنەزەرنى ئاساس قىلىدۇ، سىنىپىي مەنپەئەت ۋە پۈتۈن پارتىيە مەنپەئەتىنىڭ بارلىغىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ نىشانى

دۈشمەن سىنىپلار ئەمەس، ئۆز سېپىدىكى باشقا شەخسلەر. بۇ — تەشكىلاتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، جەڭگىۋارلىقنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئۇپراتقۇچ.

2. كىچىك گۇرۇھۋازلىق. پەقەت ئۆزىنىڭ كىچىك گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلمەسـ

لىك، بۇ قارىماققا شەخسنى كۆزلىمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلدە تازا تار شەخسىيەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئۇپرىتىش رولى ۋە مەركەزدىن قاچۇرۇش رولىغا ئىگە. قىزىل ئارمىيىدە بۇرۇندىن كىچىك گۇرۇھۋازلىق كەيپىياتى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەلگەن ئىدى، تەنقىت ئارقىلىق ھازىر

بىر قەدەر ياخشىلاندى، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت، تىرىشىپ تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

3. ياللانمىلىق ئىدىيە. پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپنىڭ

ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەنلى-
گىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنى
ئىنقىلاپ ئالدىدا جاۋاپكار
ئەمەس، پەقەت باشلىقنىڭ
ئالدىدىلا جاۋاپكار دەپ
بىلىدۇ. بۇنداق ياللانمىلىق
بىلەن ئىنقىلاپ قىلىدىغان
پاسسىپ ئىدىيىمۇ شەخسىيەت-
چىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.
بۇنداق ياللانمىلىق بىلەن
ئىنقىلاپ قىلىش ئىدىيىسى —

شەرتسىز تىرىشىدىغان ئاكتىپ-
لارنىڭ ئانچە كۆپ بولماي-
ۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى. يال-
لانمىلىق ئىدىيە يوقىتىلماي-
دىكەن، ئاكتىپلارنى كۆپەيت-
كىلى بولمايدۇ، ئىنقىلاپنىڭ
ئېغىر يۈكى باشتىن - ئاخىر
ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭلا
زىممىسىگە چۈشىدۇ، بۇ،
كۆرەش ئۈچۈن ئىنتايىن
پايدىسىز.

4. راھەتپەرەسلىك.

شەخسىيەتچىلىكنى راھەتكە بېرىلىش جەھەتتە ئىپادىلە-ۋاتقان كىشىلەرمۇ قىزىل ئارمىيەدە ئاز ئەمەس. ئۇلار ھامان قوشۇنلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىشقا ئىنتى-لىشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى راھەت كۆرۈش

ئۈچۈن. ئۇلار تۇرمۇش مۇشەققەتلىك بولغان قىزىل رايونلاردا ئىشلەشنى بەكمۇ ياقتۇرمايدۇ.

5. پاسسىپلىق قىلىپ ئىشنى ئاخسىتىش. ئىش سەللا دىتىغا ياقماي قالسا، پاسسىپلىشىۋېلىپ، خىزمەت قىلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاساسەن، تەربىيىنىڭ كەملى-گى، لېكىن رەھبەرلەرنىڭ

مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلى-
شى، خىزمەت تەقسىم قىلىشى
ياكى ئىنتىزام چارىسىنى
قوللىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمى-
غانلىقىمۇ بىر سەۋەپ.

6. قوشۇندىن كېتىشكە
ئۇنتىلىش ئىدىيىسى. قىزىل
ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان-
لارنىڭ قوشۇندىن كېتىپ،
يەرلىك خىزمەتكە يۆتكىلىشنى
تەلەپ قىلىۋاتقانلىرى كۈن-

دىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.
بۇنىڭ سەۋىۋى تامامەن
شەخسلەردىلا ئەمەس، بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە، بىرىنچىدىن،
قىزىل ئارمىيىدە ماددى تۇر-
مۇشنىڭ تولىمۇ ناچار بولۇ-
شى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇزاق
مۇددەت كۆرەش قىلىپ ھار-
دۇق يەتكەنلىكى؛ ئۈچىنچى-
دىن، رەھبەرلەرنىڭ مەسىلى-
لەرنى بىرتەرەپ قىلىشى،

خىزمەت تەقسىم قىلىشى ياكى ئىنتىزام چارىسىنى قوللىنىشى- نىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىغا ئوخشاش سەۋەپلەرمۇ بار.

تۇزىتىش ئۇسۇلى: ئاسا- سەن تەربىيىنى كۈچەيتىپ، شەخسىيەتچىلىكنى ئىدىيە جەھەتتىن تۇزىتىش. ئاندىن مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، خىزمەت تەقسىم قىلىش ۋە ئىنتىزام چارىسى

قوللىنىش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك بىر ئىلاج قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ماددى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولغان بارلىق پەيتلەردىن پايدىلى- نىپ، قوشۇنلارنى دەم ئال- دۇرۇش - تەرتىپكە سېلىش، شۇنىڭ بىلەن ماددى شارائى- تىنى ياخشىلاش لازىم. ئىج- تىمائى مەنبەدىن ئېيتقاندا،

شەخسىيەتچىلىك — ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى، تەربىيە ئېلىپ بارغان چاغدا بۇنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

لىيۇكۇجۇيلىق ئىدىيە توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيەدە سەرگەردانلار تەركىۋىدىكىلەرنىڭ

ناھايىتى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغانلىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە بولۇپمۇ جەنۇپتىكى ئۆلكىلەردە كەڭ سەرگەردانلار ئاممىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن، قىزىل ئارمىيەدە لىيۇكۇجۇيلىق سىياسى ئىدىيە پەيدا بولدى. بۇنداق ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىرى: 1) جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ گېنجۇي-

ندى قۇرۇشنى، خەلق ئاممى-
سىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش-
نى، بۇنىڭ بىلەن سىياسى
تەسىرنى كېڭەيتىشنى خالى-
ماي، پەقەت كوچىمە پارتى-
زانلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
سىياسى تەسىرنى كېڭەيتىشنىلا
خىيال قىلىش. 2) قىزىل
ئارمىيىنى كېڭەيتىشتە يەرلىك
چۆپىدۇۋي، يەرلىك قىزىل
ئارمىيىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق

ئاساسىي قىزىل ئارمىيىنى
كېڭەيتىش لۇشيەنىدە ماڭماس-
تىن، بەلكى «ئۇدۇل كەلگەنلا
ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئېلىش»،
«ياتىن، ئاسىلارنى قوبۇل
قىلىش» لۇشيەنىدە ماڭماقچى
بولۇش. 3) ئاممە بىلەن بىر-
لىكتە مۇشەققەتلىك كۈرەش-
لەرنى قىلىشقا چىدىماي،
چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ،
چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىشنىلا

ئارزۇ قىلىش. لىيۇكوجۇيىلىق ئىدىيىنىڭ ئەنە شۇنىداق بارلىق ئىپادىلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ توغرا ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشىغا ناھايىتى زور توسقۇن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا لىيۇكوجۇيىلىق ئىدىيىنى يوقىتىش ھەقىقەتەنمۇ قىزىل ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى ئىدىيۋى كۆرەشنىڭ موھىم بىر نىشانى. شۇنى

چۈشىنىش كېرەككى، تارىختىكى خۇاڭ چاۋ ۋە لى چۇاڭلارچە لىيۇكوجۇيىلىقتا بۈگۈنكى شارائىت يول قويمايدىغان بولۇپ قالدى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىدىيىلەرنى تەنقىت قىلىپ، لىيۇكوجۇيىلىقنى يوقىتىش.

2. ھازىرقى قىزىل

ئارمىيىنىڭ ئاساسى قوشۇن-
لىرىغا ۋە ئەسىرلەردىن قوبۇل
قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرگە
قارىتا لۇكچەكلىك ئېڭىغا
قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى
كۈچەيتىش.

3. كۈرەش تەجرىبىسىگە
ئىگە ئىشچى-دېھقان ئاكتىپ-
لىرىنىڭ قىزىل ئارمىيە سېپىگە
كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
قىزىل ئارمىيىنىڭ تەركىۋىنى

ئۆزگەرتىش.

4. كۈرەش قىلىۋاتقان
ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى
ئىچىدىن يېڭى قىزىل ئارمىيە
قىسىملىرىنى بارلىققا
كەلتۈرۈش.

قاراملىقنىڭ قالدۇقلىرى توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە
تەشكىلاتلىرىدا قاراملىققا

قارشى كۇرەش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى تولۇق بولمىدى. شۇڭا، قىزىل ئار-مىيىدە قارامىلىق ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: 1) جۇگۇەن ۋە كېگۇەن شەرت-شارائىتلارغا قارىماس-تىن، قارىسىغا ئىشلەش. 2) شەھەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ تولۇق بولماسلىقى،

قەتئىي بولماسلىقى. 3) ھەربىي ئىنتىزام بوشاپ كېتىش، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان چاغلاردا. 4) تېخى بەزى قىسىملاردا ئۆيلەرگە ئوت قويۇش قىلىقلىرىنىڭ بارلىقى. 5) قاچقان ئەسكەر-لەرنى ئېتىش تۈزۈمى ھەم ئەسكەرلەرگە تەن جازاسى بېرىش تۈزۈمىنىڭمۇ قارامىلىق خاراكتېردا بولغانلىقى.

قاراملقنڭ ئجتمائى مەنبە-
سى — لۇكچەك پۇرولېتارلار
ئدېيىسى بلەن ئۇششاق
بۇرژۇئازىيە ئدېيىسنڭ
يغندسى.

تۈزتش ئۇسۇللرى:

1. قاراملقنى ئدېيە
جەھەتتن يوقتش.

2. قاراملق قلقلرىنى
تۈزۈم ۋە سياسەت جەھەتتن
تۈزتش.

زيۇجۇيغا قارشى تۇرايلى

(1937 - يل 9 - ئاينڭ 7 - كۈنى)

بز ئاكتىپ ئدېيىۋى
كۈرەشنى قوۋۋەتلەيمز،
چۈنكى ئۇ — پارتىينى ۋە
ئنقلاۋي تەشكىلاتلارنى
ئچكى جەھەتتن ئتتىپاقلىققا

ئېرىشتۇرۇپ، جەڭگىۋار
قىلىدىغان قورال. ھەربىر
گۇڭچەندىڭ ئەزاسى ۋە
ھەربىر ئىنقىلاپچى بۇ قورالنى
قولغا ئېلىشى لازىم.

زىيۇجۇيى بولسا ئىدېيىۋى
كۇرەشنى يوققا چىقىرىپ،
پىرىنسىپسىز تېچلىقنى قۇۋۋەت-
لەيدۇ، نەتىجىدە چىرىك،
چاكىنا ئىستىل پەيدا بولۇپ،
پارتىيىنىڭ بەزى تەشكىلات-

لىرىنى، ئىنقىلاۋىي تەشكىلات-
لارنىڭ بەزى تارماقلىرىنى
ۋە بەزى شەخسلەرنى سىياسى
جەھەتتىن چىرىكلەشتۈرىدۇ.

زىيۇجۇيىنىڭ ئىپادىلىرى
ھەر خىل بولىدۇ.

تونۇشۇم، يۇرتدىشىم،
ساۋاقدىشىم، سىرداش
دوستۇم، مېھرىۋانىم، كونا
خىزمەتدىشىم، قول ئاستىمدا
ئىشلىگەن ئادىمىم دەپ،

ئۇلارنىڭ توغرا قىلمايۋاتقان-
لىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ،
ئۇلار بىلەن پىرىنسىپلىق مۇنا-
زىرە يۈرگۈزمەي، بولۇشىغا
قويۇپ بېرىش، تىنچلىق ۋە
يېقىنلىقىنى ئىزلەش، ياكى
تىلىنىڭ ئۇچىدىلا كايىپ
قويۇپ، ئۈزۈل-كېسىل ھەل
قىلماي، ئەپ بولۇپ يۈرۈش.
نەتىجىدە كوللېكتىپقا زىيان
يەتكۈزۈش، شەخسكىمۇ زىيان

يەتكۈزۈش. بۇ — بىرىنچى
خىلى.

مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن
ئارقىدىن تەنقىت قىلىش،
تەشكىلگە ئاكتىپ تۈردە
تەكلىپ بەرمەسلىك. ئالدىدا
دېمەي، ئارقىدىن غەيۋەت
قىلىش؛ مەجلىستە ئېيتماي،
مەجلىستىن كېيىن قالايمىقان
سۆزلەش. كوللېكتىپ تۇرمۇش
پىرىنسىپىنى نەزەردە تۇتماي؛

ئۇز ئەركىگىلا بىرىلىش.
بۇ — ئىككىنچى خىلى.

ئۆزەمگە مۇناسىۋەتسىز ئىش دەپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماسلىق؛ ناتوغرىد- لىقنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاز گەپ قىلىشنى ئەۋزەل كۆرۈش؛ ئاقىل ئۇزىنى ئايىدۇ دەپ، يېڭىلىشماسلىق- نىلا ئىزلەش. بۇ — ئۇچىنچى خىلى.

بۇيرۇقا بويسۇنماي، شەخس پىكرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش؛ تەشكىلنىڭ ئېتىۋار بېرىشىنىلا تىلەپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى قايرىپ قويۇش. بۇ — تۆتىنچى خىلى.

ئىتتىپاقلىشىش، ئالىغا بېسىش، ئىشنى ياخشىلاش مەقسىدىدە ناتوغرا پىكىرلەر ئۈستىدە كۈرەش ۋە مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئورنىغا شەخسكە

زەربە بېرىش، قېيداش،
ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىش،
ئۆچ ئېلىش. بۇ — بەشىنچى
خىلى.

ناتوغرا گەپ - سۆزلەرنى
ئاڭلاپ تۇرسىمۇ مۇنازىرىلەش-
مەسلىك، ھەتتا ئەكسىلئىنقى-
لابچىلارنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىسىمۇ مەلۇم قىلماي،
خۇددى ھېچنەرسە ئاڭلىمىغان-
دەك بىخارامان يۈرۈۋېرىش.

بۇ — ئالتىنچى خىلى.

ئاممە بىلەن ئۇچراشقاندا،
تەشۋىق قىلماي، تەرغىب
قىلماي، نۇتۇق سۆزلىمەي،
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي،
ھال - ئەھۋال سورىماي،
دەردى - ئەھۋالىغا يەتمەي،
بىپەرۋا يۈرۈش، ئۆزىنىڭ
گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئىكەن-
لىكىنى ئۇنتۇپ، گۇڭچەنداڭ
ئەزاسىنى ئاددى لاۋبەيشىڭ

دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش. بۇ — يەتتىنچى خىلى.

ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلىقلارنى كۆرگەندە، غەزەپلەنمەي، نەسىھەت قىلماي، توسماي، چۈشەنچە بەرمەي، بولۇشىغا قويۇپ بېرىش. بۇ — سەككىزىنچى خىلى.

ئىش قىلغاندا كۆڭۈل

قويۇپ قىلماسلىق، مۇئەييەن پىلان بولماسلىق، مۇئەييەن يۆنىلىش بولماسلىق، قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇش، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشۈش، بىر كۈن خېشاڭ بولسا، بىر كۈن داڭ ئۇرۇش. بۇ — توققۇزىنچى خىلى.

ئۆزىچە، ئىنقىلاپتا خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ، ستاژىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى پەش قىلىش،

چوك ئىشلار قولىدىن كەل-
مەسلىك، كىچىك ئىشلارنى
ياراتماسلىق، خىزمەتتە ئۆز
مەيلىچە بولۇۋېلىش، ئۇگى-
نىشتە بوشاڭلىق قىلىش.
بۇ — ئونىنچى خىل.

ئۆزى خاتالاشقان ۋە ئۇنى
بىلگەن تۇرۇقلۇق تۈزىتىشنى
خالىماسلىق، ئۆزىگە ئۆزى
زىيۇجۇيلىق قىلىش. بۇ —
ئون بىرىنچى خىل.

يەنە باشقا ئىپادىلىرىنى
كۆرسىتىش مۇمكىن. موھىم-
لىرى مۇشۇ ئون بىر خىل.

بۇلارنىڭ ھەممىسى زىيۇ-
جۇيىنىڭ ئىپادىلىرى.

ئىنقىلاۋىي كوللېكتىپ-
تەشكىلاتلاردا زىيۇجۇيى
ناھايىتى زىيانلىق، ئۇ بىر
خىل چىرىتكۈچ بولۇپ،
ئىتتىپاقلىقنى بوشاشتۇرىدۇ،
مۇناسىۋەتنى شالاڭلاشتۇرىدۇ،

خىزمەتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، پىكىر ئىختىلاپلىرى تۇغدۇرىدۇ. ئۇ ئىنقىلاۋىي قوشۇننى مۇستەھكەم تەشكىل ۋە ئىنتىزامدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ، سىياسەتىنى تولۇق ئىجرا قىلدۇرمايدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە رەھبەرلىگىدىكى ئامما ئوتتۇرىسىدا يىراقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ بەكمۇ قەبىھ خاھىش.

زىيۇجۇيىنىڭ مەنبەسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىگىدە، ئۇ شەخسىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا، ئىنقىلاپ مەنپەئەتنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسى جەھەتتە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە زىيۇجۇيى تۇغۇلىدۇ.

زىيۇجۇيىچىلار ماركسىزىم

پرىنسىپلىرىنى ئابستراكىت
جياۋتياۋ دەپ قارايدۇ. ئۇلار
ماركسىزىمنى ياقلايدۇ، ئەمما
ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى
ئەمەس، ياكى تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇرماقچى ئەمەس، ئۇزلىرى-
نىڭ زىيۇجۇيىسى ئورنىغا
ماركسىزىمنى قويماقچى
ئەمەس. بۇنداق ئادەملەردە
ماركسىزىم بار، زىيۇجۇيىمۇ
بار: ئاغزىدا ماركسىزىم

دەيدۇ، ئەمەلدە زىيۇجۇيىلىق
قىلىدۇ؛ باشقىلارغا ماركسى-
زىمنى، ئۇزلىرىگە زىيۇ-
جۇيىنى قوللىنىدۇ. ئۇلاردا
بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر
ئىككىلىسى بار، ھەرقايسىسىنى
ئۇز جايىدا ئىشلىتىدۇ. بۇ —
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پىكىر
قىلىش ئۇسۇلى.

زىيۇجۇيى جىنخۇيجۇيىنىڭ
بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ،

ماركسىزىمغا تۇپتىن توقۇنۇش
كېلىدۇ. ئۇ پاسسىپ نەرسە
بولۇپ، كېڭگۇەن جەھەتتە
دۇشمەنگە ياردەم بېرىش
رولىنى ئوينايدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن دۇشمەنلەر بىزنىڭ
ئىچىمىزدە زىيۇجۇيىنىڭ
ساقلىنىشىنى ئالقىشلايدۇ.
زىيۇجۇيىنىڭ خاراكترى ئەنە
شۇنداق، ئىنقىلاۋىي قوشۇندا
ئۇنىڭغا ئورۇن قالدۇرماسلىق

كېرەك.

بىز پاسسىپ زىيۇجۇيىنى
ماركسىزىمنىڭ ئاكتىپ روھى
بىلەن تۈگىتىشىمىز لازىم.
گۇڭچەندانىڭ ئەزاسى ساپ
دىل، سادىق، ئاكتىپ
بولۇشى، ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى
جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈشى،
شەخسىي مەنپەئەتنى ئىنقىلاپ
مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇشى
لازىم؛ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا

توغرا پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ،
بارلىق ناتوغرا ئىدىيە ۋە
ھەركەتلەرگە قارشى ھارماي-
تالماي كۆرەش ئېلىپ بېرىپ،
پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ تۇر-
مۇشىنى مۇستەھكەملىشى،
پارتىيىنىڭ ئاممە بىلەن
بولغان ئالاقىسىنى چىڭىتىشى
لازىم؛ پارتىيە ۋە ئاممىگە
غەمخورلۇق قىلىشنى شەخسكە
غەمخورلۇق قىلىشتىن

ئەلا كۆرۈشى، باشقىلارغا
غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆزىگە
غەمخورلۇق قىلىشتىن ئەلا
كۆرۈشى لازىم. شۇنداق قىلى-
غاندىلا، گۇڭچەنداڭ ئەزاسى
ھېساپلىنىدۇ.

بارلىق سەمىمى، ساپ
دىل، ئاكتىپ، ھەققانى
گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئىتتى-
پاقلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر-
دىكى زىيۇجۇيى خاھىشلىرىغا

قارشى تۇرۇشى، ئۇ كىشىلەرنى
توغرا تەرەپكە ئۇتكۇزۇشى
لازىم. بۇ ـــ ئىدىيىۋى سەپ-
تىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى
تەرىپىدىن 1967 ـ يىل 12 ـ ئايدا
نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى 1968 ـ
يىل 2 ـ ئايدا بېسىلغان 1 ـ باس-
مىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据人民出版社 1967年12月第一版 1968年 2 月第一次印刷版本译出。

毛　泽　东

为人民服务
纪念白求恩
愚公移山
关于纠正党内的错误思想
反对自由主义

（維吾尔文）

民族出版社出版　新华书店发行
喀什报社印刷厂印刷
1968年4月北京第一版
1968年5月新疆第一次印刷
书号 M1049(4)143　每册 0.15 元

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشىر قىلىندى
قەشقەر گېزىتخانا باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن
تارقىتىلدى
1968 - يىل 4 - ئاي، بېيجىڭ
1 - نەشرى
1968 - يىل 5 - ئاي، شىنجاڭدا
1 - قېتىم بېسىلدى
ھەر بىرى : 0.15 يۈەن

6